# 27070 - تىرناق ئاستىدىكى كىر تاھارەتنىڭ توغرا بولۇشىنى چەكلەمدۇ؟

## سوئال

تىرناق ئاستىدىكى كىرلار تاھارەتنىڭ توغرا بولۇشىنى چەكلەمدۇ؟.بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قىرىق كۈن بولۇشتىن ئىلگىرى تىرناقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە تىرناقلىرىنى ئېلىش، ئەۋرەتلىرىنى تازىلاش، قولتۇقىنىڭ تۈكىنى يۇلۇش ۋە بۇرۇتنى قىسقارتىش توغرىسىدا ۋاقىت بەلگىلەپ قىرىق كۈندىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. [مۇسلىم رىۋايىتى 258-ھەدىس].

ئەر-ئاياللار بۇ مەسىلىنى ئويلىنىشى كېرەك، تىرناق، بۇرۇت، ئەۋرەت ۋە قولتۇقنى قىرىق كۈن بولۇشتىن ئىلگىرى پاكىزلاپ تۇرۇش كېرەك، تىرناق ئاستىدا كىر بولۇپ قالسا ئالغان تاھارىتى توغرا بولىدۇ چۈنكى شەرىئەت كىچىك ئىشلاردىن ئەپۇ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.